# 241164 ـ تاھارەت ئېلىش جەريانىدا چىشىنى تۈتۈپ تۇرىدىغان تۆتقىنى ئېلىۋېتىش كېرەك بولامدۇ؟

## سۇئال

چىشلىرىمنى داۋالاتتىم، چىش دوختۇرى چىشىمغا چىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئوراپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر نەرسىنى قويدى، بۇ نەرسىنى خالىغاندا ئېلىۋەتكىلى بولىدۇ، ناماز ئۈچۈن ھەر قېتىم تاھارەت ئالغان ۋاقتىمدا يەنى ئېغىزغا سۇ ئالغاندا ئۇنى ئېلىۋېتىشىم كېرەكمۇ؟، تاھارەت ئالغاندا چىشلارنىڭ ھەممىسىگە سۇ تېگىشى كېرەكمۇ؟ياكى ئۇنى ئېغىزىمدىن ئېلىۋەتمەي تاھارەت ئالسام بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەت ئالغاندا چىشنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بۇ نەرسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك ئەمەس، چۈنكى ئېغىزغا سۇ ئېلىش دېگەن؛ سۇنى ئېغىزدا ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئېغىزدا چىشنى تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە بولسىمۇ ھاسىل بولىدۇ، جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا مۇمكىن بولسا ئېلىۋەتكەن ياخشى.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: مەن چىشلىرىمنى ياساتقان، بۇ چىشلارنى بىر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئېلىۋېتىپ تاھارەت ئالسام كۇپايە قىلامدۇ ياكى ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئېلىۋېتىپ ئاندىن تاھارەت ئالىمەنمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن" :بۇنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىرىنچى قېتىم سالغاندا ئېغىزىڭىزنى چايقاپ تاھارەت ئېلىپ سالدۇرغان بولسىڭىز، شۇ تاھارەت بىلەن نامازنى ئادا قىلسىز، يەنە بىر قېتىم تاھارەت ئالماقچى بولغاندىمۇ ياساتقان چىش ئېغىزىڭىزدا تۇرىۋېرىدۇ، ئېغىزىڭىزنى چايقايسىز چىشنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ" ] ."نۇرۇن ئەلەددەرپ پەتىۋاسى- 5 " توم- 101 بەت .]

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: بىر كىشى ئالغىلى بولىدىغان قىلىپ بەزى چىشلارنى سالدۇرۇپتۇ، مۇستەھكەم بېكىتىۋەتمەپتۇ، لېكىن تولا ئېلىپ-سېلىش قىيىن بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىزنى چايقىغاندا چىشلىرىنى ئالماي تاھارەت ئالسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن " :ئېغىزنى چايقىغاندا چىشنى ئېلىش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى ئېغىزغا سۇ ئالغاندا سۇنى ئېغىزدا ئايلاندۇرۇش كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى سۇ دېگەن ئىنچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىزدىكى ھەممە چىشنىڭ ئارىسىغا يېتىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا چىشنى ئېلىۋەتسە ياخشى بولىدۇ ."

"]ئايلىق ئوچۇق سۆھبەت" - 20 قىسىم- 158 نومۇر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.